
# تۇرپاندىن قېزىپ چىقىرىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى قەدىمكى خرىستىئان تېكىستلەر

مىلادىيە 1902-1914-يىلى گېرمانىيەدىن چىققان «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە»دىكى ئارخېئولوگلار تۇرپاندىكى بۇلايىق دېگەن موناستىر ئورنىسىدىن قەدىمكى يوغان بىر كۈتۈپخانىنى قېزىپ چىقارغان. كۈتۈپخانا بىرنەچچە تىلدىكى 30000 دوكلات قىسمىلىرى — خەنزۇ تىلىدىكى 6000، توخارىيان تىلىدىكى 4000، سانسكرىت تىلىدىكى 8000، شۇنداقلا سىرىياك تىلى، سوگدى تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى 1000 دوكلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىرىياك، سوگدى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى دوكلاتلار سىرىياك يېزىقتا پۈتۈلگەن، بارلىق مەزمۇنلىرى مەسىھ يولى توغرۇلۇقتۇر. بۇ چوڭ خەزىنە بولغان ماتېرىيال بېرلىن شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنگەن، بىرنەچچە ئورۇنلاردا ساقلاقلىق.





## ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر دۇئا

سول تەرەپتىكى بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ماتېرىيال (U4910 ھۆججىتى ياكى TII B28 ھۆججىتى دېيىلىدۇ) تۆۋەندىكى دۇئانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: —


«بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزگە، بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىزغا قۇلاق سال.
سەن ئانىسىزلارنىڭ ئانىسىسەن، ئاتىسىزلارنىڭ ئاتىسىسەن.
بىزدەك بىچارىلەرنىڭ تايانچىسىسەن.
سەن بارلىق ئۈمىدسىزلەرنى ئۈمىدۋار قىلغۇچىسەن.
سەن بارلىق دەردمەنلەرنى، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى دەردتىن، زۇلۇمدىن ئازاد قىلغۇچىسەن. سەن يەنە خەتەرلىك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ كېسەللىرىگە، يارىلانغانلارنىڭ يارىلىرىغا شىپالىق بەرگۈچى... تېۋىپسەن. سەن يەنە بارلىق گۇناھكارلارنى گۇناھلىرىدىن ئازاد قىلغۇچى پەرۋەردىگارسەن...

## دانىشمەنلەر مەسىھكە ئىبادەت قىلدۇ









ئوڭ تەرەپتىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈلگەن بۇ تۆت بەتتە (بېرلىن مۇزېيىدىكى «تۇرپان توپلىمىسى» U9175) مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە «شەرقتىن كەلگەن دانىشمەنلەر»نىڭ مەسىھكە ئىبادەت قىلىشى توغرىسىدىكى بايان خاتىرىلەنگەن. ئىنجىل، «ماتتا» 2:1-12 بىلەن سېلىشتۇرۇلۇڭ؛ بۇ بايانىنىڭ كۆپ تەپسىلاتلىرى ئىنجىلدىكى ئەسلىي بايان بىلەن ئوپئوخشاش (ئۇنىڭدىن باشقا بەزى «رىۋايەت»لەرمۇ تېپىلىدۇ). تەرجىمىسى تۆۋەندە: —

دانىشمەنلەر: «بىز بېرىپ شۇ ئۇلۇغ زاتقا ئىبادەت قىلماقچىمىز!» — دېدى.

شۇ چاغدا ھېرود پادىشاھ ئۇلارغا ئەمر قىلىپ: «ئەمدى، قەدىرلىك ئوغۇللىرىم،
سىلەر بېرىپ ئوبدان سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنى تېپىڭلار. تاپقان ھامانلا قايتىپ كېلىپ مېنى
خەۋەرلەندۈرۈڭلار. مەنمۇ بېرىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلماقچىمەن» — دېدى.
دانىشمەنلەر يېرۇسالېمدىن چىقىشى بىلەنلا ھېلىقى يۇلتۇز ئۇلارغا ئايان بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇلار بەيت-لەھەمگە يەتكەندە، يۇلتۇز توختىدى، يەنە ماڭمىدى. دانىشمەنلەر دەل شۇ يەردە مەسىھ بولغان خۇدانى تاپتى؛ ئاندىن تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى. يۈك-تاقلىرىنى ئېچىپ ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ سۇنۇشتى. ھەدىيەلىرى ئۈچ خىل بولۇپ، ئالتۇن، مەستىكى ۋە مۇرمەككىدىن ئىبارەت ئىدى! ئۇلار ئىبادەت قىلىپ، تەشەككۈر ئېيتىپ مەدھىيە ئوقۇشتى. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ پادىشاھى، مەسىھ بولغان خۇداسىدۇر ...!

شۇ چاغدا خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسى دانىشمەنلەرگە كۆرۈنۈپ ئۇلارنى باشقا يول بىلەن يېتەكلىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېرود پادىشاھ بىلەن قايتا كۆرۈشمىدى...
ھېرود دانىشمەنلەرنىڭ باشقا يول بىلەن قايتقىنىنى كۆرۈپ غەزەبلىنىپ...: «بېرىپ، پادىشاھلىقىمدىكى تېخى ئىككى ياشقا كىرمىگەن ئوغۇل-قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش!» — دەپ بۇيرۇدى ...
لېكىن خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسى يۈسۈپنىڭ چۈشىدە ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ، مۇنداق بۇيرۇدى ...